قىزىل يىڭناغۇچ چۆچەكلەر مەجمۇئەسى

# تايچاقنىڭ دەريادىن ئۆتۈشى



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت-فوتو سۈرەت نەشرىياتى

Scanned by CamScanner

بۇ كىتاب جۇڭگو چاتما رەسىملەر نەشرىياتىنىڭ 1997 - يىل 5 - ئاي 1 - نەشرى، 1998 - يىل 3 - ئاي 3 - باسمىسىغا ئاساسەن تاللاپ تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى .

## تايچاقنىڭ دەريادىن ئۆتۈشى

قىزىل يىڭناغۇچ چۆچەكلەر توپلىمى (6)


شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلىدۇ
ئۈرۈمچى دېڭىز - ئوكيان رەڭلىك باسما چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 889×1194mm، 1/48؛ باسما تاۋىقى: 0.5
2000 - يىل 1 - ئاي 1 - نەشرى، 2011 - يىل 4 - ئاي 7 - بېسىلىشى

ISBN 978 - 7 - 80547 - 816 - 6

بىر يۈرۈش باھاسى: 10.80 يۈەن، پارچە باھاسى: 1.80 يۈەن

قىزىل يىڭناغۇچ چۆچەكلەر مەجمۇئەسى

# تايچاقنىڭ دەريادىن ئۆتۈشى



ئەسلىي ئاپتورى: پېڭ ۋېنشى
ئۆزگەرتىپ تۈزگۈچى: شياۋ سىن
تەرجىمە قىلغۇچى: ماھىنۇر غوپۇر

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت-فوتو سۈرەت نەشرىياتى

Scanned by CamScanner



1. ياپېشىل ئورمان-
لىقتا بىر تايچاق ياشايدى-
كەن.

Scanned by CamScanner



2. تايچاق ھەر كۈنى ئەتىگەندە بە-
دەن چېنىقتۇرغاچقا، ناھايىتى تېز يۈگۈ-
رىدىغان بولۇپ كېتىپتۇ.

Scanned by CamScanner



3. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، كەپتەر ئۈنىڭغا بىر پارچە خەت ئېلىپ كەپتۇ.



Scanned by CamScanner

4. ئەسلىدە ئۇ يايلاقتا ئۆتكۈزۈلىدىغان تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە تەكلىپ قىلىنغان ئىكەن.



Scanned by CamScanner

5. ناھايىتى ياخشى بولدى، چوقۇم
بىرىنچىلىكنى ئالىمەن، دەپ ئويلاپتۇ تايچاق
خۇشال بولۇپ.



Scanned by CamScanner



6. يايلاققا بېرىش ئۈچۈن ناھايىتى ئۇزۇن يول يۈرۈشكە توغرا كېلىدىكەن، تايچاق توختىماي يۈگۈرۈپتۇ.

7. تايچاق يۈگۈرە- يۈگۈرە بىر دەريانىڭ بويىغا كەپتۇ.



Scanned by CamScanner



8. دەريا سۈيى شارقىراپ ئېقىۋاتقان ئىكەن.



9. تايچاق دەريانىڭ زادى قانچىلىك چوڭقۇر ئىكەنلىكىنى بىلەلمەپتۇ.

Scanned by CamScanner



10. دەل شۇ چاغدا، تايچاق بىر كالا بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ. ئۇ كالىدىن: «ھەي كالا، دەريا سۈيى چوڭقۇرمۇ؟» دەپ سوراپتۇ.

Scanned by CamScanner

11. كالا: «چوڭقۇر ئەمەس، مەن هازىرلا دەريانى كېچىپ ئۆتتۇم، سۇ ئاران پاقالچىقىمغا كەلدى» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.



Scanned by CamScanner

12. تايچاق بىر ئوغلاقنى ئۇچرىتىپ، ئۇنىڭدىن: «ھەي ئوغلاق، دەريا تېيىزمىكەن؟» دەپ سوراپتۇ.




Scanned by CamScanner



13. ئوغلاق: «ياق، تېيىز ئەمەسكەن، سەن دەريا-
دىن ئۆتمىگىن، مەن بايام قارشى قىرغاقتا ئۆتەي دېسەم،
چۆكۈپ كەتكىلى تاس قالدىم، شۈڭلاشقا ئامالسىز قايتىپ
چىقتىم» دەپتۇ.

14. كالا تېيىز دەيدۇ، ئوغلاق چوڭقۇر دەيدۇ، زادى قايسىسىنىڭ ئېيتقىنى توغرىدۇ؟ تايچاق دەرياغا قاراپ ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قاپتۇ.





15. ئانا تيىن دەرەخ ئۈستىدە ئۇياقتىن-بۇياققا سەكرەپ،
تايچاق ئۈچۈن باش قاتۇرۇپتۇ.



16، ئانا تىيىن تايچاققا: «تايچاق، كالا بىلەن ئوغلاقنىڭ ئېيتقانلىرى توغرا، سەن كاللاڭنى ئىشلىتىپ،ياخشىراق ئويلاپ باق» دەپتۇ.

Scanned by CamScanner



17. تايچاق بىر ھا-
زا ئويلانغاندىن كېيىن:
«كالىنىڭ بويى ئېگىز
بولغاچقا، دەريا سۇيىنى
تېيىز دەپتۇ. ئوغلاقنىڭ
بويى پاكار بولغاچقا، دەريا
سۇيىنى چوڭقۇر دەپتۇ-
دە» دەپ يەكۈن چىقىرىپ-
تۇ.

Scanned by CamScanner



18. ئۇ ئاخىر ئۆزى سىناپ كۆرمەكچى بوپتۇ.

Scanned by CamScanner

19. تايچاق ئېھتىياتچانلىق بىلەن دەرياغا چۈشۈپتۇ. سۇ بارا-بارا ئۇنىڭ تىزىدىن، قورسىقىدىن ئېشىپ كېتىپتۇ.





20. دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە سۇ ئۇنىڭ مۇرىسىدىن ئېشىپ،
بويىنىنىڭ ئەتراپىدا مەۋج ئۇرۇپ ئېقىپتۇ.



21. تايچاق قىرغاققا چىقىپ سىلكىنىۋەتكەندىن كېيىن: «ھەر قان‍-
داق ئىشقا يولۇقسام ئالدى بىلەن ئەتراپلىق ئويلاپ، ئاندىن ئۆزۈم سىناپ
كۆرسەم بولغۇدەك» دەپ ئويلاپتۇ.

Scanned by CamScanner

22. تايچاق بەدىنىنى قۇرۇتۇپ بولغاندىن كېيىن، تەنھەرىكەت يىغىنى باشلىنىپ كەتمىگىدى دەپ يايلاققا قاراپ ئۇچقاندەك چېپىپتۇ.



本书根据中国连环画出版社 1997 年 5 月第一版，1998 年 3 月第三次印刷版本选译出版。


小马过河

红蜻蜓丛书(6)

新疆美术摄影出版社出版发行

新疆新华书店经销

乌鲁木齐海洋彩印有限公司印刷

889 x 1194 毫米　48 开　0.5 印张

2000 年 1 月第 1 版　2011 年 4 月第 7 次印刷

ISBN 978 - 7 - 80547 - 816 - 6

总定价:10.80 元　每册价:1.80 元(维)


Scanned by CamScanner

مەسئۇل مۇھەررىرى : روشەنگۈل تۇرسۇن

گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى : ئازات بارات



ISBN 978-7-80547-816-6

9 787805 478166 >

总定价:10.80元 每册价:1.80元(维)

Scanned by CamScanner